# Google Nexus One يانفۇنى ئۇيغۇرچە روم يېڭىلاش قوللانمىسى




يانفۇن سىستېمىسىنى يېڭىلاشنىڭ خەتىرى بار، يانفۇنىڭىز ھەتتا كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، سىستېما يېڭىلاش جەريانىدىكى بارلىق خېيىم-خەتەرگە ئۆزىڭىز مەسئۇل.

## ئالدىن تەييارلىق

1-قەدەم: ROM بولىقىنى چۈشۈرۈش ھەمدە ساقلىغۇچ كارتىسىغا كۆچۈرۈش.

2-قەدەم: يېڭىلاش قورالىنى چۈشۈرۈش ھەم بىر ئەپلىك ئورۇنغا يېشىش (مەسىلەن D:\tools).

3-قەدەم: ROM يېزىش قورالى (recovery) نى چۈشۈرۈش ھەم 2-قەدەمدىكى ئورۇنغا ساقلاش.

## قۇلۇپنى ئېچىش

قۇلۇپنى ئېچىش بولسا bootloader گە سېلىنغان قۇلۇپنى ئېچىۋېتىش بولۇپ، بۇ قۇلۇپ ئېچىۋېتىلسە ساتقۇچى تەرەپ سۈپەت كاپالىتىگە ئىگە بولمايدۇ، پۈتۈن ئۈچۈرلار يۇقاپ، يانفۇن زاۋۇتتىن چىققان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتكە مەزكۇر ئۇيغۇرچە رومنى ئىشلىگەن ياكى تارقاتقان ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخس مەسئۇل بولمايدۇ، مەشغۇلاتتىن ئىلگىرى بۇ تەرىپىنى ئوبدان ئويلاڭ. ئەگەر رازى بولسىڭىز مەشغۇلاتنى داۋاملاشتۇرۇڭ.


1 قەدەم: يانفۇننى تاقاڭ، ئاۋاز تۆۋەنلىتىش كۇنۇپكىسىنى ۋە قوزغىتىش كۇنۇپكىسىنى تەڭلا بېسىڭ. يانفۇن قوزغىلىپ bootloader ھالىتىگە كىرىدۇ. ئاۋاز يۇقىرىلىتىش ۋە تۆۋەنلىتىش كونۇپكىسى ئارقىلىق تىزىملىكنى تاللاشقا بولىدۇ. Fastboot

تىزىملىكنى تاللاڭ ھەم قوزغىتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. Fastboot ھالىتىگە ئالمىشىدۇ.

2 قەدەم: يانفوننى كومپيۇتېرغا ئۇلاڭ، DOS بۇيرۇق كۆزنىكىنى ئېچىپ، يېڭىلاش قورالىنى ساقلىغان ئورۇنغا كىرىڭ. مەسىلەن D:\tools دېگەن ئورۇندا بولسا cd d:\tools بۇيرىقى ئارقىلىق كىرىشكە بولىدۇ. fastboot oem unlock بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىڭ. يانفون قوزغالغاندا بىر دانە ئۇچۇق ھالەتتىكى قۇلۇپ رەسمى كۆرۈنسە مەشغۇلاتىڭىز ئۇتۇملۇك بولغان بولىدۇ.

3 قەدەم: 1-قەدەمدىكى مەشغۇلاتنى يەنە بىر قېتىم قىلىڭ، fastboot ھالىتىدە تۇرۇپ، كومپيۇتېردا fastboot flash recovery nexus_one_recovery.img بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىڭ. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغاندا يېڭىلاش قورالى ساقلانغان ئورۇندا تۇرۇپ ئىجرا قىلىڭ، ھەم مۇشۇ ئورۇندا nexus_one_recovery.img ناملىق ھۆججەتنىڭ چوقۇم بولۇشىغا دىققەت قىلىڭ.

4 قەدەم: يانفوننىڭ ئاۋاز كونترول قىلىش كۇنۇپكىللىرى ئارقىلىق bootloader تىزىملىكنى تاللاپ، قوزغىتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ، recovery تاللاپ قوزغىتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. بىر ئازدىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك رەسىم كۆرۈنىدۇ.



5 ـقەدەم: يانفۇن ئاستى ئوتتۇرا تەرىپىدىكى شارچە ئارقىلىق wipe data/factory reset نى تاللاپ بېسىڭ. ئۇندىن كېيىن delete all user data ـ yes نى بېسىڭ. wipe cache partition نى بېسىڭ، ئۇندىن كېيىن wipe cache ـ yes نى بېسىڭ.

## ئۇيغۇرچە رومنى يېزىش

Recovery نىڭ باش تىزىملىكىدىن install zip from sdcard نى بېسىڭ، ئاندىن choose zip from sdcard نى بېسىڭ. ساقلىغۇچ كارتىغا كۆچۈرۈپ قويغان ئۇيغۇرچە روم ھۆججىتىنى تاللاپ بېسىڭ. ئاندىن install uyghurche_nexus_one.zip ـ yes (ئەسلى ئىسمى بويىچە ئېلىندى) نى تاللاپ بېسىڭ. بىر ئازدىن كېيىن install from sdcard complete ئۇچۇر كۆرۈنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرچە رومنى يېزىش تامام بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. go back نى تاللاپ بېسىپ، recovery باش تىزىملىكىگە قايتىپ، reboot system now نى تاللاپ بېسىڭ. يانفۇن قايتا قوزغىلىدۇ. ئېكراندا ئۇيغۇر دوپپىسىنى كىيىۋالغان ئانجروئىد چىقىپ سىزگە ئۇيغۇرچە سالام بېرىدۇ.

بىر ئازدىن كېيىن سىستېما تولۇق قوزغىلىپ، ئىشلىتىشىڭىزگە تەييار بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: گۇگىل يۇمشاق دېتاللىرىنى تەمىنلەش رۇخسىتى بولمىغاچقا رومدا بۇ قۇراللار تەمىنلەنمىدى، ئىشلەتكۈچىلەر يۇقارقى روم يېزىش تەرتىۋى بويىچە ئۆزى ئايرىم قاچىلىۋالسا بولىدۇ.

سالام بىلەن:

ئۇيغۇر يۇمشاق دىتال ئىجادىيەت تورى تەجرىبىخانىسى

lab.uyghurdev.net